# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 2 ـ ئاي
16
يەكشەنبە
维吾尔文 2 月16日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24973 ـ سان　بۈگۈن 2 بەت


## ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلىغاندىلا، ئاندىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، هازىرقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋەزىيىتىنى تەهلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: هەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە هۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مۇهىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشى، رايون بويىچە تەدبىر قوللىنىشى، هەقىقىي تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىي تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇهىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلغاندا قىلىنغان سۆز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 4 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي هەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇهىم ماقالىسى «مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى تەتقىق قىلغاندا قىلىنغان سۆز» ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش خەلقنىڭ هاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىز ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە، خىزمەتلەرنى هەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى هۆكۈمى توغرا، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋاقتىدا بولدى، قوللىنىلغان تەدبىرلىرىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى. هازىر، ئەڭ هالقىلىق مەسىلە خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە، ئەمەلىي تۇتۇش. هازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەھەتتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىرىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە بولغان بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. هەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە هۆكۈمەتلەر جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىقى، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشى، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېببىي دورا، سەھىيە مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيۈزلۈك خىزمەت، ئومۇمىي جەڭ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قوللاش بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئىككىنچى، نۇقتىلىق رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق رايونلاردىكى يۇقۇمنى تىزگىنلىگەندىلا، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى تۈپتىن تېز ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش كۈچلىرىنى رايونلار بويىچە بىرتۇتاش پىلانلاشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بايلىقى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ قوغداش بايلىقىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ ۋە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتىكى ئېھتىياجنى ئالدى بىلەن قامداش كېرەك. يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە هۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مەھەللىلەر ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالا قويماي تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى هەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇهىم سۆزىنىڭ روهىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ مۇنداق بىلدۈردى — جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى هەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇهىم سۆزىنىڭ روهىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە هەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇهىم سۆزىنىڭ روهىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىرادىدىن سېپىل هاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، زور سىناق ئالدىدا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان ـ ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇندايمىز.

### ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش　جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى، ئىرادىسىنى چىڭىتىش

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇهىم سۆزى بىزگە مەسئۇلىيەتنىڭ مۇهىم، زورلۇقى، بۇرچنىڭ شەرەپلىكلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلدۇرۇپ، بۇ مەيدان چوڭ ئۇرۇشتا جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىز، ئىرادىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق «ئەللەرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى ئىلهام ئەخمەت. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى، يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى «ئەللەرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە ئون خىزمەت ئەترىتى يېزا ـ كەنتلەردىكى چوڭ كانايلار، ئائىلە زىيارىتى قىلىش هەم تېلېفونلىشىش، ئۈندىدار ئۈچۈرى ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرى ۋە بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا ئاز چىقىش، قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، پات ـ پات هاۋا ئالماشتۇرۇش، ماسكا تاقاش، ئۆزىنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەش بىلەن بىللە، ساغلاملىقىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

«ئائىلىلەرگە كىرىپ قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆيمۇئۆي كىرىپ زىيارەت قىلىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيەلەش دورا سۈيۈقلۇقى چېچىش، ئاھالىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش… يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، بىز ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش قاتتىق تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردۇق.» تېكەس ناهىيەسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى ئالغا يېڭى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن شىنچوۋ مۇنداق دېدى: باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل هاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى



### «كۆك ـ تاق»قا كاپالەتلىك قىلىش

**2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا جەنۇبىي يولى تارماق رايون باشقۇرۇش كومىتېتى پۇدۇڭ كوچىسى مەھەللىسىنىڭ فېڭخۇاڭچېڭ ئائىلىلىكلەر رايونىدىكى ئاھالىلەر كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە سېتىش دۇكىنىدا كۆكتات سېتىۋالماقتا. بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى مال بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بازارنى تەمىنلەش مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى، كۆكتات تۈرلىرىنىڭ مول بولۇشىغا هەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ باهانى مۇقىملاشتۇردى. هازىر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 475 كۆكتات بىۋاستە سېتىش دۇكىنى ئاھالىلەرنىڭ كۆكتات سېتىۋېلىشىدىكى ئاساسلىق يول بولۇپ قالدى، زور كۆپ ساندىكى بىۋاستە سېتىش دۇكانلىرى مالنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ تەمىنلەشنىڭ «ئۈزۈلۈپ» قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قامدىماقتا.**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

## شىنجاڭ (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە بەش ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 11گە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە بەش ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە: ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر كىشى، 33 ياشلىق ئەر ئاغرىق بولۇپ، 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋۇخەندىن شىنجاڭغا كەلگەن دوستى بىلەن ئۇچراشقان، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گېلى قۇرۇش، يېنىك يۆتىلىش قاتارلىق بىئاراملىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن، 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئايرىپ داۋالانغان، 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۈچ كىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى 49 ياشلىق ئەر ئاغرىق، بۇ ئىككى ئاغرىق 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە ئوخشاشلا ۋۇخەندىن شىنجاڭغا كەلگەن دوستى بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلاردا قىزىش، يۆتىلىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەچكە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋە 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىلى ئوبلاستىدىكى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن هەم ئايرىم ـ ئايرىم 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋە 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. ئۈچىنچىسى، 43 ياشلىق ئايال ئاغرىق بولۇپ، گۇمانىي كېسەللىك مىسالى بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بار بولۇپ، قىزىش، يۆتىلىش، باش ئاغرىش قاتارلىق بىئاراملىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەچكە، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىلى ئوبلاستىدىكى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئايرىپ داۋالانغان، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. بىڭتۈەن 8 ـ شى شىخەنزە شەھىرىدە بىر كىشى، 24 ياشلىق ئايال ئاغرىق بولۇپ، دائىم تۇرۇشلۇق جايى ۋۇخەن، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن، 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىچى سۈرۈش، قۇسۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بىڭتۈەن 8 ـ شى شىخەنزە شەھىرىدىكى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان.

يۇقىرىقى ئاغرىقلار دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىلىق، هازىر، يۇقىرىقى ئاغرىقلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورماللىشىپ، ئۇدا ئىككى قېتىم نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مەنپىي چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يىراقتىن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش سۇپىسى، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇشى ۋە باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق 5 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلمىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان.

هازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان كېسەللىك مىسالى جەمئىي 11گە يەتتى.

### قاتناش ـ تىرانسپورت مىنىستىرلىقى:

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە هەق ئېلىنىدىغان تاشيوللاردا ئاپتوموبىل يۈرۈش هەققى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ۋېي يۈكۈن) مۇخبىرنىڭ 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قاتناش ـ تىرانسپورت مىنىستىرلىقىدىن ئىگىلىشىچە، گوۋۇيۈەنىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخىرلاشقىچە، مەملىكەت بويىچە هەق ئېلىنىدىغان تاشيوللاردا ئاپتوموبىل يۈرۈش هەققى كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن. كونكرېت ئاخىرلىشىش ۋاقتى ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، بۇ قېتىمقى هەقنى كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى، هەق ئېلىنىدىغان تاشيوللارنى باشقۇرۇش نىزامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، قانۇن بويىچە تەستىقلىنىپ تەسىس قىلىنغان بارلىق هەق ئېلىنىدىغان تاشيول (هەق ئېلىنىدىغان كۆۋرۈك ۋە تونېللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)لار؛ هەققى كەچۈرۈم قىلىش ئوبيېكتى قانۇن بويىچە يول يۈرۈش هەققى ئېلىنىدىغان تاشيوللاردىكى بارلىق ئاپتوموبىللار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، تورلاشقان هەق ئېلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئاپتوموبىللار چىقىش ئېغىزىدىكى هەق ئېلىش يولىدىن ئايرىلغان ۋاقىت ئۆلچەم قىلىنىدىكەن، ئېچىۋېتىلگەن هەق ئېلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ۋە هەق ئېلىنىدىغان ئادەتتىكى تاشيولدا ئاپتوموبىللار هەق ئېلىش پونكىتىنىڭ هەق ئېلىش يولىدىن ئۆتكەن ۋاقىت ئۆلچەم قىلىنىدىكەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)